# رامىزان روزىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«رامىزان روزىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، كىمكى رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى ئاللاھقا ئىشىنىپ، بۇ روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ ئاللاھ تائالانىڭ روزىدارلارغا تەييارلىغان كاتتا مۇكاپات ۋە ئېسىل ساۋابلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، باشقىلارغا ئاڭلىتىش ۋە كۆز-كۆز قىلماستىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4196